شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
6
جۈمە
维吾尔文 12 月6日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24901 ـ سان بۈگۈن 8 بەت

ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا ھە دەپ قوش ئۆلچەم قوللىنىشىغا كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. بۇ ساختا ئەپت ـ بەشىرىنى، زومىگەرلىك ماھىيەتنى كىشىلەر ئاللىقاچان كۆرۈپ يەتكەن؛ تۈرلۈك سۇيىقەست، خام خىياللار ئېنىقكى بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھەممىگە ئايانكى، كىشىلىك ھوقۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ياشاش ھوقۇقى بىلەن تەرەققىيات ھوقۇقى ئەڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق، شۇنداقلا شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ باشقا ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. ئەگەر بىخەتەر، مۇقىم بولغان جەمئىيەت مۇھىتى بولمىسا، كىشىلەرنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ، باشقا ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى ياخشى مۇستەھكەملەپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا قارىتا ئېنىق تەلەپ قويدى، مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بۇ، يېڭى دەۋردىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇشنى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ

□گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا پىسەنت قىلماي، ئاشكارا ھالدا دۆلەت ئىچى قانۇنى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن ھاقارەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇۋېلىپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشتەك رەزىل غەرىزى شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. بۇنىڭغا قارىتا، بىز ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى: شىنجاڭنى مالىمان قىلماقچى بولغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك، ئەخمىقانە خام خىيال!

بۇ كىشىلەرگە ئاددىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش زۆرۈر: شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىنىي دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تارقىتىپ، «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» قاتارلىق بىمەنە سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىپ، ئاممىنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇشقا قايمۇقتۇردى، قۇتراتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتى، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بايانات ئېلان قىلدى

ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇردى ۋە كۈچلۈك ئەيىبلىدى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتى ئەزالار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. مىللەت ۋە دىن كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ساھەسىدىكى ئەزالار ۋە بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى، ئىسلام دىنى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات جەمئىيىتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات جەمئىيىتى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى، بايانات تۆۋەندىكىچە:

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ كەسكىن سۆزلىشىشى ۋە قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئاتالمىش

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى، بايانات تۆۋەندىكىچە:

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى، بايانات تۆۋەندىكىچە:

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»دە ئوبيېكتىپ پاكىت نەزەرگە ئېلىنماي،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى، بايانات تۆۋەندىكىچە:

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا قارا چاپلاش قىلمىشى ساختىپەزلىك، رەزىللىك

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى **جەرۇللا ھېسامىدىن**

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، كۈچىنىڭ بارىچە بوھتان چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا بارلىق ئاماللار بىلەن قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە تۆھمەت قىلدى. بۇ تۇپراقتا ئۆزاق مۇددەت خىزمەت قىلغان، ياشىغان جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇ ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلارنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشتەك رەزىل قىلمىشىدىن چۆچۈپ كەتتىم، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش قىلمىشىدىن غەزەپلەندىم.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقان «قانۇن لايىھەسى»دە يامان غەرەز يوشۇرۇنغان، ئاق ـ قارا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى **مەتلىك سېيىت**

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ كۆپ قېتىم كەسكىن سۆزلىشىشى ۋە قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئومۇمىي قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما كۈچلۈك ئەيىبلەپ، بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى:

شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىش مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ! ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئىنتايىن غەزەپلەندى، كۈچلۈك ئەيىبلىدى، قەتئىي قارشى تۇردى! مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، نامدا «كىشىلىك ھوقۇق»، ئەمەلىيەتتە «زوراۋانلىق». كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم؛ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشىگە، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسىدىغان سۇيىقەست مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ!

پاكىتقا كۆز يۇمۇپ ئاق ـ قارا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىندى، بىز كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز، قەتئىي قارشى تۇرىمىز

«شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بۇ، تېررورىزمنى قوللىغانلىق، يامانغا يانتاياق بولغانلىق، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نەتىجىسىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە يوققا چىقارغانلىق! بىز كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز، قەتئىي قارشى تۇرىمىز!» دېدى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەمەتئېلى تۇرغۇن غەزەپلەنگەن ھالدا.

مەمەتئېلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ ئىشىنىڭ ياخشى قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىدا باشقىلارنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب. شىنجاڭنى مالىمان قىلىش خام خىيالىدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

«شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› پۈتۈنلەي قالايمىقان جۆيلۈگەنلىك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىغا پىسەنت قىلمىغانلىق، كىمكى ئىتتىپاق، ئىناق بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ھەر مىللەت ئاممىسى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!» دېدى «ئىبشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بارغان» قۇربان تۇلۇم تاغىنىڭ يۇرتى كېرىيە ناھىيەسىدىكى قۇربان تۇلۇم تاغىنىڭ نەۋرىسى مەتسەيدى ئەيسا قەتئىيلىك بىلەن.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك ـ ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك ـ ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەزلىك تۈزەش ۋە قىش ـ ئەتىيازدىكى ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ قارالمىلىرى ماقۇللاندى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رېن خۇا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدىكى تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىشى توغرىسىدىكى ئەھۋال؛

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى:

شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى ھەققانىي تەدبىر

2 ـ بەتتە